# ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلار ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىندى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان، ھېساب تاپشۇرىدىغان يىل، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېغىر نامراتلىقنى يوقىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ھەل قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئېشىپ قالغان نامرات نوپۇس، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپاقنى تاشلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بىرىنچى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاشقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىنى شۇنچە قاتتىق ئىجرا قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، ئېشىپ قالغان نامرات نوپۇسقا قارىتا ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋېتىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا، سان ـ سېپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولغانلارغا قارىتا، ئاساسلىق زېھنىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز، يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداش كېرەك. ئىككىنچى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قاتتىق تۇتۇپ، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىغان ئون ناھىيە، چېكىنىپ چىقمىغان 559 كەنتكە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون ناھىيەلەرگىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيەلەر كەنتلەرگىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كادىرلار ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە ئېلىپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ «ھەيدەكچىلىك قىلىپ»، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ «جەڭ قىلىپ»، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى قەتئىي يېڭىش كېرەك. ئۈچىنچى، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك. ئەڭ قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپى، ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەر، ئەڭ ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ بىخەتەر، خاتىرجەم سۇ ئىچەلەيدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشتىن قېلىشى، ئوقۇشتىن چېكىنىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ئېغىر نامرات نوپۇسنىڭ چوڭ كېسەل، ئېغىر كېسەل بولغاندىن كېيىنكى ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تۆتىنچى، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش كېرەك. «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك راۋاجلاندۇرۇپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. بەشىنچى، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى سېجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»، 2019 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە «قىش پەسىللىك ھۇجۇم» قاتارلىقلاردا قايتىما ئىنكاس قىلىنغان ۋە بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، تۈزىتىش ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، تۈزىتىش نىشانى، ۋاقىت چېكى، تەدبىرى، تەلىپى، مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەربىر مەسىلىنى ئاخىرغىچە تۇتۇشقا، جايىدا تۈزىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئالتىنچى، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تېز ئورنىتىش كېرەك. دەرىجىگە ئايرىپ ئالدىن سىگنال بېرىش، دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قوللىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭىدىن نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يەتتىنچى، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىلمىي ھۆكۈم قىلىش كېرەك. خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ۋاقىتتا ئالدىن سىگنال بېرىپ، كۆزىتىپ ئۆلچەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئالاقىدار دەسلەپكى لايىھە، لايىھەلەرنى تۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سەككىزىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. چېكىنىپ چىققان نامرات ناھىيە، نامرات كەنت، نامرات نوپۇسلارغا قارىتا، قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كۈچىنى ساقلاپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. توققۇزىنچى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك. نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆلچىمى ۋە تەرتىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سان ـ سېپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەتئىي توسۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، تارىخ ۋە خەلقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «قوش گۇرۇپپا باشلىقى تۈزۈمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى؛ ئېغىر نامرات رايونلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى، بۇرچىغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى باش بولۇپ ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتۇشى، ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇشى؛ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيەلىك تارماقلار نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن جەرياندا ئىنتىزام ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئىستىلنى سېجىل ياخشىلاش كېرەك. «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كادىرلىرىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئېنىق ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سەپىدە كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش، يېتىشتۈرۈش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، پەرقلەندۈرۈش، كادىرلارنى باھالاش، ئىشلىتىش كېرەك. تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، نازارەت قىلىشنى چىڭىتىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى سېجىل قانات يايدۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەش سالمىقىنى سېجىل ئاشۇرۇپ، سېجىل تۈردە ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك. تەشۋىقات ئارقىلىق يېتەكلەش ۋە تىپلار ئارقىلىق يېتەكلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەممە ئادەم قوللايدىغان، ھەممە ئادەم قاتنىشىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇم ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ توغرا تەھلىل قىلىپ، ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سېجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتى، مەبلەغ ئېقىمىنى تەرتىپلىك ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. يۇقۇمغا بولغان ھوشيارلىقنى تۆۋەنلەتمەسلىك، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىنى تۆۋەنلەتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»نى ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك. يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن قىسقا مۇددەتلىك، قىسمەن تەسىرنى تىرىشىپ يېڭىپ، تېزدىن تۈگىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىدە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەدەت بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىدە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇمكىنقەدەر تېز، تەرتىپلىك ھالدا ئىش ئورنىغا قايتىشىغا ياردەم بېرىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشلىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەركەزنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يوقىتىشتىكى بىر قاتار يۆلەش سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چىڭ تۇتۇپ ياخشى پايدىلىنىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى تۇتۇپ، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىستېمال ئېھتىياجىنى پائال قوزغاپ بېرىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۈچەپ مۇقىملاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، تۈزۈلمە، مېخانىزم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۈزۈلۈكسىز ياڭرىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قىلچە بوشاشماي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سېجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، چوڭ جەڭدە ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چوڭ ئىمتىھاندا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كاندىدات ئەزاسى بولمىغان ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇ قاتلام چىڭىتىشتا باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى ناھايىتى كۈچلۈك يېتەكچىلىككە ئىگە.» چىرا ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جېڭ جىنباۋ مۇنداق دېدى: چىرا ناھىيەسى يېزا ـ بازارلاردا تۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىن سەككىزنى تاللاپ ئەۋەتىپ، ناھىيە رەھبەرلىرى باشلامچى بولۇپ، رايونلارغا بۆلۈپ جەڭ قىلىشنى يولغا قويۇپ، سەرخىل كۈچلەرنى تەشكىللەپ كۈچلۈك ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېزىمۇ يېزا، كەنتمۇ كەنت، ئۆيمۇ ئۆي، ئادەممۇ ئادەم، تۈرمۇ تۈر تاللاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكەلدىن ئۆتتى. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە توغرىلىنىپ، ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىنى چىڭ كۆزلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش، كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇش، بىرىنمۇ سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، پۈتۈن ناھىيە قالپاقنى قەرەلىدە تاشلىدى.

## دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى پىلان ـ تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى شاۋ گاڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، نۇقتا بەلگىلەپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىق تەرەپلەردىن كۈچەپ سېجىل ئالغا سىلجىتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ يىل نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىدىن يېڭىدىن 1000ى كۆپەيتىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 35ى يېڭىدىن قۇرۇلىدۇ، داۋاملىق قۇرۇلىدۇ، 2 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى ئورۇنداش پىلانلانغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، توقۇمىچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تىجارىتىنىڭ يۈرۈشۈشى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى تەرتىپلىك باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى، يېزا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ گاڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات قاتارلىق تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ھەم چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى، يەم ـ خەشەك پىششىقلاش قاتارلىق بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئادەم ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، «نۇقتىدىن نۇقتىغا» ئەمگەك كۈچى چىقىرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانا، ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنى دېھقانلارنى يېقىن ئەتراپتا، شۇ جايدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

## نىشانىنى چىڭ كۆزلەش خىزمەتلەرنى ئەمەلىي ئىشلەش

«باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى قېپقالغان قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنقى يېرىم يىلدا تاماملاپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى، بىز مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈن مۇنداق دېدى: «ھازىر پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ تۈر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدا قېپقالغان 15 مىڭ 300 نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى تەلتۆكۈس ھەل قىلىنىدۇ. بىز نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، پۇقرالارنى تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك، تېخىمۇ پاكىز سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىمىزگە ئېلىپ، مالىيەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى سېلىنمىسىنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، مەبلەغ چىقىمى قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زورايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامرات ناھىيەلەر مالىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىككە چېتىشلىق مەبلىغىنى بىرىكتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ھەم مالىيەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى تەقسىملىشى، چۈشۈرۈشى، ئىشلىتىشى قاتارلىقلارنى پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

**(مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلىرىمىز خەن چىنيەن، پەرىزات ئابدۇل، شى شىن، ليۇ يى، ليۇ دۇڭلەي، مېھرىگۇل ناسىر، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ سەيپېي)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىلگىرى كەنتىنىڭ ھەممە يولى توپا يول، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ مېڭىش تەس ئىدى، ئالمىلارنى سىرتقا چىقىرالماي، نۇرغۇنلىرى يەردىلا سېسىپ كېتەتتى.» ئاقسۇ شەھىرى ئېگەرچى يېزىسى لۆشۈي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى شەمشەقەمەر توختى مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندە، تىجارەتچىلەر ئاپتوموبىللىرىنى بىۋاسىتىلا ئېتىزغا ھەيدەپ بارالايدۇ، بىر يىلدا 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپقىلى بولىدۇ».

«بۇ يىل پۈتۈن شەھەر بويىچە 260 كىلومېتىردىن ئارتۇق يېزا تاشيولىنى يېڭىدىن ياساش، ئۆزگەرتىپ ياساش پىلانلاندى، نۆۋەتتە قۇرۇلۇش خادىملىرى ۋە ئەسلىھەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئەمەلىيلىشىۋاتىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتراپىدا ھەرقايسى تۈرلەردە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ» دېدى ئاقسۇ شەھەرلىك قاتناش ـ ترانسپورت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شى جىشىن.

يې تاۋ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ قاتناش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار نامرات ئەمەس ناھىيەلەرنى قوللاش سالمىقىنى تەدرىجىي زورايتىدۇ ھەم شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىنى تېخىمۇ كۆپ «كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش» تۈرىگە مايىللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، 1200 كىلومېتىر دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانى يولى، 347 كىلومېتىر بايلىق يولى، ساياھەت يولى، كەسىپ يولى ھەمدە 200 كىلومېتىر تار يول ئۇلىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشىنى تاماملايدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، 2019 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاتناش باشلانغان يېزا تاشيولى ئومۇمىي مۇساپىسى 133 مىڭ 100 كىلومېتىرغا يەتكەن (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، 9 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان ـ چارۋىچى نەپكە ئېرىشىپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولى ئۈنۈملۈك ئېچىلغان.